# قۇربانلىق قوچقار



## قۇربانلىقنىڭ شەرىئەتتىكى ئورنى

غۇنچىلار

مه نبه : قصص و حكايات بالعربي

# قۇربانلىق قوچقار

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاياتى بويىچە پەرزەنتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى. ئۇ قېرىغاندا ئاللاھ ئىسمائىلنى ئاتا قىلدى. ئۇ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمىدى. ئۇ بالىسى بىلەن ئايالىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدى، شۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. ئىسمائىل چوڭ بولۇپ، ھايات سىناقلىرىدا تاۋلاندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يىگانە، ئەتىۋارلىق ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇلدى. بۇ تاغلار كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر سىناق بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، ئىجرا قىلماقچى بولدى.





# قۇربانلىق قوچقار

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئوغلىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇزۇن تۇرمايلا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ:

- ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ، قۇربانلىق قىلىشقا ئەمر قىلىنىپ چۈشەپتىمەن، سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟ - دېدى. ئوغلى ئىسمائىل ئىككىلەنمەستىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ:

- ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن، - دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ياردەم بەرگەن بالام نېمە دېگەن ياخشى ھە! - دېدى.





# قۇربانلىق قوچقار

ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسمائىل پەرۋەردىگارىغا تەسلىم بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، پىچاقنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپ تەكرار-تەكرار ئۇھسىندى ۋە پىچاقنى ئىسمائىلنىڭ بوغىزىغا سۈركىدى، ئەمما پىچاق كەسمىدى. پىچاق ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يۇقاتقان ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاقنى ئىسمائىلنىڭ گېلىغا قايتىدىن سۈركىدى، ئەمما پىچاق يەنىلا كەسمىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ھەيران قالدى.





# قۇربانلىق قوچقار

بۇ ئىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى ئېغىر كېلىپ، ئاللاھتىن چىقىش يولى ئاتا قىلىشىنى سورىدى. ئاللاھ ياشىنىپ قالغان بوۋايغا ۋە ياش يىگىتنىڭ ساپ قەلبىگە رەھىم قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۇلارنىڭ غېمىنى كۆتۈرۈۋەتتى-دە، ئۇنىڭغا:

- ئى ئىبراھىم! چۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ، دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (قوچقارنى) بەردۇق، - دېدى.

ئاللاھ ئىسمائىلنىڭ ئورنىغا ئاسماندىن چوڭ بىر قوچقارنى چۈشۈرۈپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قوچقارنى يېنىدا كۆرۈپ ئۇنى تۇتۇپ بوغۇزلىدى. ئۇ قوچقار ئوغلى ئىسمائىلنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان قۇربانلىق بولدى.



# ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ۋەقەلىكىدىن ئېلىنغان دەرسلەر

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تولۇق بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىشنى ۋايىغا يەتكۈزدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يالغۇز ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇلۇپ، ئىجرا قىلدى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا قىلچە ئىككىلەنمەستىن تەسلىم بولدى.

ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل چۆلدە يالغۇز ياشاپ سەۋر قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرزەنتىنى بوغۇزلاش بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ سەۋر قىلدى. ئۇلارنىڭ سەۋر قىلىشى نەتىجىسىدە ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزى يەتكەن ئورۇنلارنى قىيامەتكىچە مۆئمىنلەرنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى.

